

شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گازەتى 新疆日报

2020 - يىل 12 - ئاي

19

شەنبە

维吾尔文 12 月19日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报社出版

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25280 - سان بۈگۈن 4 بەت

■ كېلەر يىلى دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدىكى ئالاھىدە مۇھىم بىر يىل. كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، خەلقنىڭ كۆنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، تەرەققىيات بىلەن خەۋپسىزلىكنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماكرولۇق سىياسەتنى ئىلمىي، دەل جايىدا يولغا قويۇپ، تىرىشىپ ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتا ئايلىنىشىنى ساقلاپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكا ئىستراتېگىيە تىرەكلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، «14 - بەش يىل»نى ياخشى باشلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك

مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ مۇھىم سۆز قىلدى لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى

12 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇاڭ جىڭۋېن فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، 2020 - يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى، 2021 - يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. لى كېچياڭ سۆزىدە كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىگە قارىتا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: بۇ يىل يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. كەسكىن، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت، مۈشكۈل، ئېغىر دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئالدىدا، بىز ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ۋەزىيەتكە توغرا ھۆكۈم قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىپ، جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خەلق رازى بولغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، تارىخ بېتىگە يېزىشقا بولىدىغان جاۋاب قەغىزىنى تاپشۇردۇق. دۆلىتىمىز پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئىقتىسادنىڭ مۇسبەت ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان بىردىنبىر ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەت قولغا كەلتۈرۈلدى، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە مۇھىم بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، خەلق تۇرمۇشى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈلدى. بۇ نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلگەن، جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىل «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل. بەش يىل سىجىل كۆرەش قىلىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا يېڭى تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلەر پات ئارىدا تاماملىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، پەن - تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يەنە يېڭى چوڭ پەللىگە كۆتۈرۈلدى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدە ئالغا قاراپ يېڭى چوڭ بىر قەدەم تاشلاندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش ئەمەلىيىتىدە، بىز كەسكىن خىرىس ئالدىدا ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى خەتەرلىك، قىيىن پەيتتە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ تايانچى، مۇھىم، زور تارىخىي پەيتتە، مۇھىم، زور سىناق ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارى، ھەرىكەت ئىقتىدارى ھەل قىلغۇچ رولغا ئىگە؛ خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش توغرا تاللاشنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى، خەلقنى باشتىن - ئاخىر كۆڭلىگە پۈكۈپ، خەلق مەنپەئىتىنى باشتىن - ئاخىر ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويغاندىلا، چوقۇم توغرا تەدبىر بەلگىلەپ، ئەڭ ئەۋزەل يولنى بېكىتىپ ھەم خەلققە تايىنىپ بارلىق جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇنى يەڭگىلى بولىدۇ؛ تۈزۈم ئەۋزەللىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى، «تۆت ئېشەنچ»نى چىڭىتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، چوقۇم پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىش، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى قۇدرەتلىك ئېنېرگىيەنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؛ ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ۋە ئىجادىي تاقابىل تۇرۇش كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ تۈپ ئۇسۇلى، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ماسلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلگەندىلا، چوقۇم زور خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش داۋامىدا چوڭ پۇرسەت يارىتقىلى بولىدۇ؛ پەن - تېخنىكىدا ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ تىرىكى، ئىلىم - پەن روھىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي قانۇنىيەتنى ئىگىلەپ، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولغاندىلا، چوقۇم دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ بىخەتەر، تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئاساس ئۈستىگە قۇرغىلى بولىدۇ.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، جەزمەن سەگەكلىك بىلەن شۇنى ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەككى، يۇقۇمنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تاشقى مۇھىتتا نۇرغۇن ئېنىقسىزلىق مەۋجۇت، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئاساسى تېخى مۇستەھكەم ئەمەس. كېلەر يىلى دۇنيا ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى يەنىلا مۇرەككەپ ۋە كەسكىن بولىدۇ، قايتا جانلىنىش مۇقىمسىز ۋە تەڭپۇڭسىز بولىدۇ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مەركىزىي ھەربىي كومىتېت شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

شى جىنپىڭ بۇيرۇقنامە تارقىتىپ بەردى ھەم ئۇنۋانى ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېر، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرلىرىنى تەبرىكلىدى

中央军委晋升上将军(警)衔仪式

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈش مۇراسىمى بېيجىڭ 1 - ئاۋغۇست بىناسىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېر، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرلىرىغا بۇيرۇقنامە تارقىتىپ بەردى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېر، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرلىرى بىلەن سۈرەتكە چۈشمەكتە. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى شۈەنلياڭ) مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈش مۇراسىمى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بېيجىڭ 1 - ئاۋغۇست بىناسىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېر، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرلىرىغا بۇيرۇقنامە تارقىتىپ بەردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شى جىنپىڭ فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرونغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرونغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ماكروندىن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ مۇسبەت چىققانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سورىدى، ماكروننىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى ھەم جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن فرانسىيە ھۆكۈمىتى ۋە فرانسىيە خەلقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ ھال سوراش تېلېگراممىسىدا مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو تەرەپ فرانسىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن يەر شارىنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، «14 - بەش يىل» ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلايلى

خەلق گېزىتى

باش ماقالىسى

ئەمدىلا يېپىلغان مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەركەز ئاچقان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن. يىغىندا بۇ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى ئەستايىدىل خۇلاسىلىنىپ، ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، بۇ، بىزنىڭ ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈتۈپ ئەمەلىي ئىشلەپ، «14 - بەش يىل» ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلىشىمىزدا مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ يىل يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. كەسكىن، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت، مۈشكۈل، ئېغىر دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئالدىدا، بىز ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ۋەزىيەتكە توغرا ھۆكۈم قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىپ، جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خەلق رازى بولغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، تارىخ بېتىگە يېزىشقا بولىدىغان جاۋاب قەغىزى تاپشۇردۇق. دۆلىتىمىز پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئىقتىسادنىڭ مۇسبەت ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان بىردىنبىر ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە مۇھىم بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، خەلق تۇرمۇشى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈلدى، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلەر پات ئارىدا تاماملىنىدۇ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدە ئالغا قاراپ يېڭى چوڭ بىر قەدەم تاشلاندى.

دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش ئەمەلىيىتىدە، بىز كەسكىن خىرىس ئالدىدا ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق:

(ئاخىرى 3 - بەتتە)